تونۇلغان ۋە بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان مەشھۇر ئۆلىمالارنىڭ پىكىرلىرىگە ئاساسلاندىم.

كىتابتا بايان قىلىنغانلار يېمەك ـ ئىچمەكلەردىكى ھالال ـ ھاراملارنى، مۇسۇلمانلارنىڭ قىلىشى چەكلەنگەن گۇناھ ـ مەسىيەتلەرنى ۋە ئىسلام ئەخلاقىغا زىت كېلىدىغان ناچار قىلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن بۇ كىتابنى «ئىسلام دىنىدىكى ھالال ـ ھارام، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن چەكلەنگەن ئىشلار» دەپ ئاتاشنى لايىق كۆردۈم.

بۇ ئىشىمنىڭ ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بولۇپ، قوبۇل قىلىنىشىنى رەببىمدىن تىلەيمەن. ئوقۇرمەنلەرنىڭ پېقىرنىمۇ دۇئالىرىدا ياد ئېتىپ قويۇشىنى سورايمەن.

ئاخىرىدا، بۇ كىتابنى كۆرۈپ چىقىپ، قىممەتلىك پىكرىنى بەرگەن ۋە بەزى ماۋزۇلارنى كىرگۈزۈشىمنى تەۋسىيە قىلغان ساۋاقدىشىم ـ ئەزھەرىي دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھقا، بۇ كىتابنىڭ يورۇق كۆرۈشى ئۈچۈن ماددىي ياردەمدە بولغان كىشىلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن.

مۇھەممەد يۇسۇپ

2008 ـ يىلى 23 ـ نويابىر

## ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە چەكلەنگەن ئىشلار ھەققىدە

ئىنسان ئىجتىمائىي مەخلۇقات بولغانلىقتىن، ئۆزى يالغۇز ياشاپ ئۆتەلمەيدۇ. بەلكى جەمئىيەتتىكى باشقا ئىنسانلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈشكە موھتاجدۇر. ئىنسان تەبىئىتى ئەسلىدە ياخشىلىقنى سۆيىدىغان، يامانلىقتىن نەپرەتلىنىدىغان قىلىپ يارىتىلغان بولۇپ، گۈزەل ئەخلاقلارغا ئىنتىلىدۇ، ناچار ئەخلاق ۋە يامان قىلىقلاردىن نەپرەتلىنىدۇ. ھەر قانداق بىر جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئۆتتۈرىسىدىكى بەخت - سائادەت، مېھىرى - مۇھەببەت، دوستلۇق، ئىناقلىق ۋە بىرلىككە توسقۇن بولىدىغان ناچار ئىللەتلەر بار. بۇ ئىللەتلەر تۆۋەندىكىچە:

1. ئادەم ئۆلتۈرۈش
2. ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش
3. ئوغرىلىق قىلىش
4. قارا چاپلاش
5. يالغان گۇۋاھلىق بېرىش
6. زۇلۇم قىلىش
7. يالغانچىلىق
8. سۆزىدە تۇرماسلىق
9. غەيۋەت قىلىش
10. خىيانەت
11. كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەش
12. كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىش
13. كۆرەلمەسلىك
14. گەپ توشۇش
15. كىشىلەرگە لەقەم قويۇش
16. ھاياسىزلىق
17. گۇمانخورلۇق
18. ۋاپاسىزلىق
19. چېقىمچىلىق
20. ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش

